# قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئىسىملار

تورغا يوللىغۇچى : ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى توربېتىدى Boran ئەپەندى

( ئىسىملار ) ــ ( مەنىسى )

ئابا ــ دادا ، ئاتا ، شۇنداقلا ئاپا ، ئانا دېگەن مەنىسىمۇ بار

ئابامبەگ ــ ئەبەدىيلىك بەگ

ئابام ئۇلۇغ ــ ئەبەدىيلىك ، مەڭگۈلۈك

ئابىنچۇ ــ خۇشاللىق ، كۆڭۈلنى ئالغۇچى

ئابىنچۇ قاتىن ــ كۆڭۈلنى ئالىدىغان خېنىم ، خانىش

ئابىنىق ــ بەختلىك ، تىنچ

ئاتابېك ــ ئوردا تەربىيىچىسى ، تەربىيىچى

ئاتات ــ تاي ، قۇلان

ئاتاش ــ ئاتەش ، ئوت

ئاتاي ــ بالا ، باچكا

ئاتلىغ ــ ئابرويلۇق ، ئاتالغان ، مەشھۇر ، باشلىق

ئاتىش ــ ئېتىشماق

ئاتمىش قارا ــ ئاتمىش : ئىسمى ، قارا : سۈپىتى

ئاتىم ــ مەرگەن

ئاچارى ــ ھەزرەت ، ئۇستاز

ئاچۇق ــ ئوچۇق

ئاچىق ــ چوڭ ئاكا

ئادام توغرۇل ــ توغرۇل ( بىر خىل يىرتقۇچ قۇش )دەك چۈشەر ئادەم

ئادايۇ ــ ئېزىز ، قىممەتلىك

ئادۇغ ( ئادىغ ) ــ ئېيىق

ئارا بۇغا ــ ئوتتۇرا ھال بۇغا

ئارتۇق ــ ئارتۇق ، ئېشىپ كەتكەن ، جىق ، نۇرغۇن

ئارتۇن ــ زىرە ( ئۆسۈملۈك )

ئارسلان ــ شىر بالىسى



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ـــــ ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئارغۇ ــ ئىككى تاغ ئارىسى

ئارغۇن ــ ئارغىماق

ئارقار ــ ياۋا قوي

ئارقۇ ــ باھالىق ، قىممەتلىك

ئارقىش ــ كارۋان باشلىقى ، خەۋەرچى

ئارىش ــ تازا ، پاك ، پاكىز

ئارىغ ــ پاكىز ، ساپ

ئازغىر ( ئادغىر ) ــ ئايغىر

ئازۇق ــ ئوزۇق ، يېمەكلىك

ئازۇقلۇغ ــ ئوزۇقلۇقى بار ئادەم

ئازىغ ــ ھوشيار كىشى

ئاژۇن ــ دۇنيا ، دەۋر

ئاسغۇ ــ مارجان ( بويۇنغا ئاسىدىغان )

ئاسىغ ــ نەپ ، پايدا ، مەنپەئەت

ئاسقىن ــ ئېسىل ، ئالىيجاناب

ئاشان ــ ھۆرمەتلەن ، غىزالان

ئاشان توغرۇل ــ توغرۇلدەك غىزالان

ئاشتال ــ كەنجى ئوغۇل

ئاشاي ــ غايە ، مەقسەت

ئاغارلاغ ــ ھۆرمەتكە لايىق ، شەرەپلىك ، ئۇلۇغ

ئاغۇش ــ ئۇرۇق ، جەمەت

ئاغىر ــ قەدىرلىك ، ئېزىز ، شەرەپلىك ، ئۇلۇغ

ئاقاش ــ ئاكا ، ئاكاش

ئاقى ــ مەردانە ، جەسۇر ، مەرد

ئاقخان ــ ئاق : ئىسمى ، خان : قوشۇمچىسى

ئالپ ــ جەسۇر ، باتۇر ، قەھرىمان

ئالپ ئايا ــ ئەڭ ياخشى قەھرىمان

ئالپ ئاتا ( ئەلپەتتا ) ــ باتۇر ئاتا

ئالپ ئەرتۇڭا ــ قاپلاندەك باتۇر ئەر

ئالپ تېكىن ــ باتۇر شاھزادە

ئالپاغۇت ــ يېڭىلمەس قەھرىمان ، تاغ يۈرەك باتۇر

ئالتۇن ــ (1) ئالتۇن ، (2) زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ ئىسمى

ئالتۇن قارا : ئالتۇن : ئىسمى ، قارا : سۈپىتى

ئالقا ــ مەدھىيىلىمەك

ئالقىش ــ بەخت ، خۇشاللىق ، تەنتەنە

ئامساق ــ ھەۋەس

ئامۇل ــ تەمكىن ، ئېغىر – بېسىق

ئاناچ ــ ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن ھەممىگە ئاندەك تۇيۇلىدىغان قىز

ئانۇغ ــ ئۈمىد ، ئارزۇ

ئاي ــ ئاسماندىكى ئاي

ئايۇق ــ ئايىغۇچى ، قوغدىغۇچى

ئايكۈن ــ ئاي ۋە كۈن

ئاي سىلىگ ــ ئايدەك پاك

ئايخان ــ ئايدەك خان

ئايتەڭرى ــ تەڭرى : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى

ئاي تۇغمىش ــ ئايدىن تۇغۇلغان

ئايتولدى ــ ئايدەك تولغان

ئاي چەچەك ــ ئايدەك چىرايلىق ( قىز )

ئەدگۇ ( ئەزگۇ ) ــ ياخشى ، ئېسىل ، چىرايلىق

ئەرەن ــ يىگىت ، ئەركەك ، ئەر

ئەر بۇقا ــ بۇقىدەك كۈچلۈك ئەر

ئەردەم ــ ئەدەب ، ئەخلاق ، پەزىلەت

ئەردەنى ــ گۆھەر ، مەرۋايىت ، ئۈنچە

ئەردەنى قاتىن ــ گۆھەر خېنىم

ئەرك ــ ئەركىنلىك ، سەلتەنەت

ئەركەچ ــ تېكە



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئەسەن ــ ئېسەن ، ساق ــ سالامەت

ئەسەن قارا ــ بۈيۈك ساقلىق ، كاتتا ئېسەنلىك

ئەكە ــ ئۇكا ، سىڭىل

ئەلكۈن ــ خەلق ، قەبىلە

ئەۋلىك ــ خوجايىن ، ئۆيلۈك ، ئۆي ئىگىسى

بابا ــ بوۋا ، ئاتا

باخشى ( باقشى ) ــ ئۆگەتكۈچى ، موللا ، ئۇستاز ، دوختۇر

بادۇر ــ ئۆلچەن

بارچا تۇرمىش ــ ھەممىسى تۇرغان ، ھەممىسى تەل

بارچا تۇغمىش ــ ھەممىسى تۇغقان

بارس ــ يولۋاس

بارغۇت ــ قەبىلە نامى

بارغۇت كۈن ــ بارغۇت : ئىسمى ، كۈن : سۈپىتى

بارلىغ ــ باي ئادەم

بارمان ــ دۆلەتمەن

باسا تەمۇر ــ تەمۇر ( تۆمۈر ) : ئىسمى ، باسا ( ياردەم ) : سۈپىتى

باسمىل ــ قەبىلە نامى

بارسغان ــ يولۋاستەك خان

باسۇت ــ ياردەمچى ، يۆلىگۈچى

باشلاغ ــ باشلىغۇچى ، باشلىق

باقلان ــ پاقلان

بالتۇ ــ پالتا

بالىغ ــ (1) شەھەر ، قەلئە ، (2) بېلىق

باياغۇت ــ دۆلەتمەن ، باي

باي تەمۇر ــ تەمۇر : ئىسمى ، باي : سۈپىتى

بەدۈك ــ بۈيۈك ، كاتتا ، يۈكسەك

بەرك ــ كۈچلۈك ، ساغلام

بەكرىش ــ مۇستەھكەم


ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

بەكتۇر ــ چىك تۇر

بەگ ــ بەگ ، خان ، شاھزادە ، ئەركەك ، ئەر

بەگى ــ بەگدەك

بەگ ئارسلان ــ ئارسلاندەك ئەر

بەگ بۇقا ــ بۇقىدەك كۈچلۈك ئەر

بەگلەن ــ بەگ بول ، بەگدەك بول ، قابىل ئەر بولۇپ چىق

بەگتاش ــ تاشتەك مۇستەھكەم ئەر

بەگ تەمۇر ــ تۆمۈردەك بەگ ، تۆمۈردەك ئەر

بەگلىك ــ بەگ ئەۋلادى ، ئالىيجاناب

بەگ تۇتۇق ــ مەرتىۋىلىك ئەر

بەگ تۇرمىش ــ بەگدەك تۇرغان

بوتۇق ــ بوتىلاق

بۇرخان قۇلى ــ بۇدداھنىڭ قۇلى

بۇغۇغ ــ ئالىم ، دانىشمەن

بۇرسلان ــ قاپلان

بۆرە تېگىن ــ بۆرىدەك باتۇر شاھزادە

بۇزاغۇ ــ موزاي

بۇغرا ــ ئەركەك تۆگە

بوغۇ ــ بۇغا

بۇقا ــ بۇقا

بۇقاخان ــ بۇقىدەك كۈچلۈك خان

بۇلاق ــ (1) بۇلاق ، (2) قەبىلە نامى ، (3) ئېقىن دەريا

بۇلان ــ بىر خىل ھايۋان ئىسمى

بۇيان ــ ساۋاب ، بەخت ، ياخشىلىق

بۇيان قار ــ بەخت ياغدۇرغۇچى قار

بۇيرۇق ــ ئەمەلدار

بۆكە ( بۇكا ) ــ (1) جەسۇر ، پالۋان ، باتۇر ، (2) ئەجدىھا ، ياۋۇز

بۆكەخان ــ باتۇر ، پالۋان خان



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

بۆگۈ ــ بىلملىك ، ئەقىللىق

بۆگۈ بىلگە ــ ئەقىللىق ئالىم

بۆگۈ خان ــ دانىشمەن خان

بۆگۈش ــ ئەقىلدار ، دانىشمەن

بىكە ــ خېنىم

بىگۈ ــ ئەقىللىق

بىلگە ــ ئالىم ، دانىشمەن ، بىلملىك

بىلگە بەگ ــ دانىشمەن بەگ

بىلگە قاغان ــ دانىشمەن خان

بىلگە تۇتۇق ــ بىلملىك ، مەرتىۋىلىك ، ئىدارە قىلغۇچى بەگ

بىلگە ئەر ــ بىلملىك ئەر

بىلگە قاتىن ــ بىلملىك مەلىكە

تابدۇ ــ تاپار

تاردۇش ــ مەرتىۋە ، دەرىجە

تارىقچى بەگ ــ دېھقان يىگىت

تاڭسۇق ــ نەپىس ، قىممەتلىك ، كەم ئۇچرايدىغان

تارخان ــ خان ، بەگ

تاش ــ تاشتەك مۇستەھكەم

تايۇق ــ تۇيغۇن ، زېرەك

تايانغۇ ــ تايىنىدىغان ، ئىشىنىدىغان

تايانچ ــ تىرەك ، يۆلەك

تەركەن ــ خاقان ، پادىشاھ ، ۋىلايەت ھۆكۈمدارى

تەكىش ــ ھەر نەرسىنىڭ ئاخىرى

تەگىن ( تىگىن ، تېكىن ) ــ (1) قۇل ، (2) شاھزادە

تەگىن ئۆگە ــ بىلملىك شاھزادە

تەمۈر ــ تۆمۈر

تەمۈر بۇقا ــ تۆمۈردەك بۇقا

تەڭىز ــ دېڭىز

تەڭرىخان ــ دېڭىزخان

تەڭرى ــ تەڭرى ، ئىلاھ ، ئاسمان

تەڭرىلى ــ تەڭرىلىك ، خۇداگۇي ، مۆئمىن

تەڭرى تۇغمىش ــ تەڭرى تۇغقان

تەڭرىدە بولمىش ــ تەڭرى ياراتقان

توزۇن ــ كېلىپ چىقىشى ياخشى ، ئېسىل ، ئوچۇق – يورۇق

تورۇم ــ بۇتا ( هايۋان ئىسمى )

تورۇمتاي ــ بىر خىل يىرتقۇچ قۇشنىڭ ئىسمى

توسۇن ــ مىنىلمىگەن ئات

توغرۇل ــ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش

توقىش ــ جەڭ ، ئۇرۇش ، توقۇنۇش

تولۇن ــ تولغان ، تولۇق ، يېتىلگەن ، پۈتۈن

تويزۇن ــ يېزا ئاقساقىلى

تويىن ــ راھىب

تويىن قۇلى ــ راھىبنىڭ قۇلى

تۇتۇق ــ (1) مەرتىۋە ، (2) ئىدارە قىلغۇچى

تۇتۇق ئەر ــ (1) مەرتىۋىلىك ئەر ، (2) ئىدارە قىلغۇچى بەگ

تۇتۇش ــ كايىماق ، قاتتىق سۆزلىمەك

تۇدۇش ــ ئۇرۇش ، سوقۇش

تۇدۇك ــ باشلىق

تۇرمىش ــ تۇرغان ( ئورنىدىن تۇرغان )

تۇغمىش ــ تۇغۇلغان ، ئەۋلاد

تۇڭا ــ قاپلان جىنسىدىن بىر هايۋان

تۇڭاخان ــ قاپلاندەك خان

تۆلىك ــ جاسارەت ، غەيرەت

تۈركان قاتىن ــ تۈرك خانىشى

تۈزمىش ــ تۈزۈلگەن ، توغرا ، قۇسۇرسىز

تۈزۈن ــ تۈزۈتلۈك ، كەمتەر ، مۆلايىم



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

تېتىك ــ تېتىك ، جانلىق ، ماھىر

تىگىن بەگ ــ شاھزادە يىگىت

چاغرى ــ (1) لاچىن ، (2) بۈركۈت

چاغرى بەگ ــ بۈركۈتتەك ئەر

چاۋىش ــ يول ، تەدبىر ، تەدبىرچى

چەبەر ــ چېۋەر ، قابىل

چەچەك ( چېچەك ) ــ گۈل ، غۇنچە ، چېچەك

چوغلۇق ــ (1) نۇرلۇق ، ئىسسىق ، (2) بىر خىل گۈل ئىسمى

چوبەن ــ چوپان ، پادىچى

چىگىل ــ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى

چىگىل ئارسلان ــ چىگىللارنىڭ ئارسلانى

خان ــ (1) خان ، ھۆكۈمدار ، (2) قان

خانبابا ــ خاندەك ئاتا

راتنا ــ ئۇنچە ، گۆھەر

راتنا قار ــ ئۈنچىدەك قار

زەمۇران ــ زۇمرەد

ساچۇ ــ چۇچا ( ياغلىق چۇچىسى )

سارسال ــ سۆسەر ( بىر خىل ھايۋان )

سارمۇساق ــ سامساق

سارىغ ــ سېرىق رەڭ

سارىغ خان ــ سارىغ : ئىسمى ، خان : سۈپىتى

ساغۇن ــ قارلۇق قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان

سالچۇق ــ قەبىلە نامى

سانگۈن ( سەنگۈن ، سانغۇن ) ــ سەركەردە ، قوماندان

سانىمش ــ سانالغان

ساۋ ــ شۆھرەت ، خەۋەر

سەۋۈگ ــ سۆيگۈ

سەۋىنگ ــ ئەزىز



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

سەۋىگلى ــ سۆيۈملۈك

سەۋىنچ ــ شادلىق

سوغۇن ــ تاغ تېكىسى

سۇنغۇش ــ نەيزىۋازلىق

سۇقاق ــ بۆكەن ( ھايۋان ئىسمى )

سۇڭقۇر ــ شۇڭقار

سۆكۈ ــ خەنجەر ، نەيزە

سۇپۇرگۇ ــ سۇپۇرگە

سىم ــ كۈمۈش

سىلىگ ــ سىلىق ، پاكىز ، زېرەك ، مۇلايىم

سىلىغ ــ سىلىق ، مۇلايىم

سىنان ــ سىنالغان

قابان ــ تاۋاق

قاپان ــ قاۋان

قاپلان ــ يولۋاس

قاتمىش ــ قاتقان ، مۇستەھكەم ، چىڭ

قاچغار ــ توشقان

قارا ــ (1) قارا رەڭ ، (2) پۇقرا ، خەلق ، مىللەت ، (3) ئۇلۇغ ، كاتتا ، چوڭ

قاراخان ــ پۇقرانىڭ خانى ، ئۇلۇغ خان

قارا باقشى ــ چوڭ ئۇستاز

قارا بۇغا ــ چوڭ بۇغا

قارا تەمۇر ــ تەمۇر : ئىسمى ، قارا : سۈپىتى

قارا تويىن ــ چوڭ راھىب

قارا قۇش ــ بىر خىل چوڭ قۇش

قارۇغچى ــ مۇھاپىزەتچى

قارغىلاچ ــ قارلىغاچ

قارلۇق ــ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى

قاسۇق ــ مىق



ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

قاغان ــ خاقان ، خان ، پادىشاھ

قانتۇرمىش ــ قاندۇرغان ، رازى قىلغان

قاۋۇش ــ كېلىشمەك ، ئۇيۇشماق

قاۋشۇت ــ كېلىشتۈر ، ئۇيۇشتۇر

قاي ــ قەبىلە نامى

قاياق ــ قايماق

قەدىر ــ قەيسەر ، كەسكىن

قەيسەر ــ رۇم شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى

قورۇمچى ئوغۇل ــ چوڭ ئوغۇل

قوزى ــ (1) قوزا ، (2) سۆيۈملۈك

قۇرسۇز ــ يۈز ــ ئابروي ، سالاپەت

قۇنشى ــ قوشنا

قۇت ــ بەخت ، دۆلەت

قۇتادمىش ــ بەخت كەلتۈرگەن

قۇتلۇغ ــ قۇتلۇق ، بەختلىك

قۇتلۇغ بەگ ــ بەختلىك ئەر

قۇتلۇغ بۇغا ــ بۇغا : ئىسمى ، قۇتلۇغ : سۈپىتى

قۇتلۇغ بۇقا ــ بۇقا : ئىسمى ، قۇتلۇغ : سۈپىتى

قۇتلۇغ بىلگە قاغان ــ بەختلىك ، دانىشمەن پادىشاھ

قۇتلۇغ تېگىن ــ بەختلىك شاھزادە

قۇتلۇغ تەڭرى ــ بەخت بەرگۈچى تەڭرى

قۇتلۇغ تەمۈر : تەمۈر : ئىسمى ، قۇتلۇغ : سۈپىتى

قۇتلۇغ تۇرمىش ــ بەختلىك تۇرغان ، خۇشال تۇرغان

قۇتلۇغ ئوغۇل ــ بەختلىك ئوغۇل

قۇتغان ــ بەختلىك ، بەخت تاپقان

قۇرتۇلمىش ــ قۇتۇلغان ، يەڭگىللىگەن

قۇشتىر ــ مۇئەللىم ، ئۇستاز

قوغۇرسۇ ــ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىن بىرى

قوغۇرسۇ ئالتۇن ــ ئالتۇن : ئىسمى ، قوغۇرسۇ : سۇپىتى

قۇلان ــ قۇلان ( ياۋا ئېشەك )

قۇلۇن ــ قۇلۇن ( هايۋان ئىسمى )

قۇلۇن قارا ــ قارا رەڭلىك قۇلۇن

قۇنتۇز ( قۇندۇز ) ــ قۇندۇز ( بىر خىل هايۋان ئىسمى )

قۇنچۇي ( خۇنچۇي ) ــ مەلىكە

قىرا ــ ئېتىز

قىرچەچەك ــ قىردا ئۆسكەن گۈل

قىز ــ قىز بالا ، قىزچاق

قىنىم ــ جەسۇر

قىيمتۇ ــ هۇشيار

كەنچ ( كەنج ) ــ كەنجى ، كىچىك ، كىيىنكى ، ئاخىرقى

كەنچ تۇغمىش ــ كىيىن تۇغۇلغان

كەنچ ئوغلان ــ كەنجى ئوغۇل

كۆركلۈگ ــ كۆركەم ، چىرايلىق

كۆزۈن ــ كۈچ ، قۇۋۋەت

كۆل ــ كۆل ، دېڭىز

كۆلتىگىن ــ ئەقلى كۆلدەك شاهزادە

كۆۋشەك ــ گۈزەل ، چىرايلىق ، يۇمشاق

كۈچ تەمۈر ــ تەمۈر : ئىسمى ، كۈچ ( كۈچلۈك ) : سۇپىتى

كۈچ تىگىن : كۈچلۈك شاهزادە

كۈچلۈگ ــ كۈچلۈك ، قۇدرەتلىك

كۈسەمىش ــ ئارزۇ قىلغان

كۈسەن ــ كۈچارنىڭ قەدىمكى نامى

كۈسەنچ ــ ئارزۇ ، تىلەك

كۈگەلىك ــ مۇقەددەس ، مەشهۇر

كۈلچىرە ــ خۇش چىراي

كۈل بىلگە قاغان ــ بىلىملىك ، ماختاشقا لايىق خان



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

كۆل قاغان ــ خۇش چىراي خان

كۆمۈش تىگىن ــ تېنى كۆمۈشتەك ئاق شاھزادە

كۆرشاد ــ قەدىمكى ئۇيغۇر شاھزادىسىنىڭ ئىسمى

كۆشان ــ قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نامى

كۈن ــ كۈن ، قۇياش ، شەرق

كۈنخان ــ كۈندەك خان

كۈن بەرمىش ــ كۈن بەرگەن ، بەختكە ئېرىشتۈرگەن

كۈنتۇغدى ــ كۈن چىقتى

كۈن تەڭرى ــ كۈندەك تەڭرى

كۈن سىلىگ ــ كۈندەك ئىللىق

كىشى ــ ئۇستاز

كىشى قارا ــ چوڭ ئۇستاز

لاچىن ــ لاچىن ، بۈركۈت

مەڭۈ تەمۈر ــ ئەبەدىي تۆمۈردەك مۇستەھكەم

مەڭلىگ ( مەڭلىك ) ــ (1) بەلگىلىك ، (2) مەڭلىك ، (3) بەختلىك ، خۇشال

مەڭلىگ سەنگۈن ــ قۇتلۇق باتۇر

مۇڭسۇز ــ غەم ــ قايغۇسىز ، خاتىرجەم

مىڭ تەمۈر ــ مىڭ : ئىسمى ، تەمۈر : سۈپىتى

مىڭ قارا ــ مىڭ : ئىسمى ، قارا : سۈپىتى

نوم قۇلى ــ دىن قۇلى

نىكۇ ــ ياخشى

ئوتاچى ــ تېۋىپ ، دورىگەر

ئوردۇبەگ ــ ئوردىدا خىزمەت قىلغۇچى بەگ

ئوزمىش ــ قۇتقۇلغان ، نىجاد تاپقان

ئوغلان ــ ئوغۇل بالا ، ئەزىمەت

ئوغلاغۇ قاتىن ــ دۆلەتمەن خوتۇن

ئوغۇز ــ (1) ئوغۇز سۈتى ، (2) تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى

ئوغۇل ــ ئوغۇل بالا



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ــــ ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئوغۇل تىگىن ــ ئوغۇلدەك شاھزادە

ئۇتار ــ ئۇتۇپ چىقىدۇ

ئۇتۇش ــ يەڭگۈچى ، ئۇتقان

ئۇچقۇر ــ بىلىملىك كىشى

ئۇدغۇرمىش ــ ئۇيۇشقان ، غەلىبە قىلغان

ئۇدمىش ــ شەپقەتلىك

ئۇز ــ چىرايلىق ، گۈزەل

ئۇسۇق ــ ئۇسسىغان

ئۇسۇن ــ ئۇزۇن ، ئۇزاق

ئۇغراق ــ ئارزۇ ، نىيەت

ئۇلۇغ ــ ئۇلۇغ ، كاتتا ، چوڭ

ئۇلۇغ بەگ ــ ئۇلۇغ ئەر

ئۇلۇغ خان ــ ئۇلۇغ پادىشاھ ، كاتتا خان

ئوماي ــ (1) بىر خىل ھايۋان ئىسمى ، (2) يولداش ، ھەمراھ ، (3) تەڭرى

ئۇمۇن ــ ئۇمىد

ئۇئىغۇر ــ ئۇيغۇر

ئۆتەمىش ــ ئۆتكۈر ، ئۇزۇپ ماڭغۇچى

ئۆتكۈر ــ ئىتتىك ، تېز ، كەسكىن

ئۆتكۈرمىش ــ ئۆتكۈرلەشكەن

ئۆتۈنچ تەمۈر ــ تەمۈر : ئىسمى ، ئۆتۈنچ ( قەرزدار ) : سۈپىتى

ئۆكۈش قارا ــ ئۆكۈش ( يىلقا ) : ئىسمى ، قارا : سۈپىتى

ئۆگرۈنچ ــ خۇشاللىق ، شادلىق

ئىدىقۇت ــ مۇقەددەس بەخت

ئىسىگ تارخان ــ مۇلايىم خان

ئىش بۇغا ــ بۇغا : ئىسمى ، ئىش ( دوست ) : سۈپىتى

ئىش قارا ــ ئىش ( چاچ ئۆرۈمى ) : ئىسمى ، قارا : سۈپىتى

ئىل ــ ھۆكۈمدار ، مەملىكەت ، دۆلەت ، خەلق

ئىل ئاشمىش ــ ھۆكۈمدارلىقتا يۈكسەك

ئىل ئالمىش ـ دۆلەت ئالغان

ئىل ئەتمىش ـ دۆلەت قۇرغان ، ئەلنى ئىدارە قىلغان

ئىل ئەتمىش بىلگە قاغان ـ ئەلنى ئىدارە قىلغان دانىشمەن خان

ئىل ئەردەم ـ (1) خەلقپەرۋەر ، (2) دۆلەتنىڭ ئەدەب ، ئەخلاقى

ئىل بۇغا ـ بۇغا : ئىسمى ، ئىل : سۈپىتى

ئىل تەمۈر ـ تەمۈر : ئىسمى ، ئىل : سۈپىتى

ئىل تۇتمىش ـ دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرغۇچى

ئىل تۈزمىش ـ ئەلنى تۈزگۈچى

ئىل قۇتادمىش ـ ئەلنى بەختىيار قىلغان

ئىل ئۇگەسى ـ دۆلەتنىڭ دانىشمىنى ، ئەلنىڭ ئۇستازى

ئىل ئىككەرمىش ـ ئەلنى ئىدارە قىلغان ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزغان

ئىل ئىنانچ ـ دۆلەتنىڭ ئۈمىدى ، ئەل ئىشەنگەن

ئىل ئىنانچ تىرەك ـ دۆلەتنىڭ ئىشەنچلىك تىرىكى

ئىل يىغمىش تەڭرىم ـ ئەلنى توپلىغان تەڭرىم ( پادىشاھىم )

ئىلكتا ـ يەر ئىگىسى

ئىلىگ ( ئىلىك ) ـ (1) خان ، خاقان ، (2) ئەل ، قۇل ، (3) ھۆكۈمدار

ئىلىگ بەگ ـ (1) شاھزادە ، (2) ھۆكۈمدار بەگ ، (3) خان

ئىلىگ قان ـ پادىشاھ

ئىلچى ـ ئەلچى

ئىلچى قارا ـ كاتتا ئەلچى

ئىنگە ـ ھىڭگان تۆگە

ئىنىك ـ ئۇكا

ئىناق قۇلى ـ دوستلۇق قۇلى

ئىنانچ ـ (1) ئىشەنچ ، ئىشەنچلىك ، (2) ۋەزىر

ئىنانچ بۇيرۇق ـ ئىشەنچلىك ئەمەلدار

ئىنال ـ ئانىسى ئېسىلزادە ، ئاتىسى ئاددىي خەلقتىن بولغان كىشى

ياپغۇ ـ بىر خىل ئۇنۋان نامى

ياچانقىر ـ ئۇياتچان ، ھايالىق

ياراغ ( ياراق ) ــ قورال

ياران ــ دوست ، ھەمراھ

يارۇغلۇ ــ ئوتلۇق ، نۇرلۇق

يارۇق ــ يورۇقلۇق ، يورۇق

يارىچى ــ ياردەمچى

ياشقان ــ ياش يىگىت

ياغما ــ تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى

ياندىاق ــ يانتاق

ياغان ــ پىل

يەتمىش قارا ــ يەتمىش : ئىسمى ، قارا : سۈپىتى

يۇرتۇغ ــ ھەمراھ

يوللۇغ تىگىن ــ يولى بار شاھزادە

يىدلاغ ــ خۇشپۇراق

تۈگىدى

بايانات : ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكىتاپنىڭ ئەسلى ماتېرىيالىنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى توردىكى ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ ! بۇ ئېلكىتاپلار پەقەت ئىشتىن سىرتقى قىزىققۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇچۇنلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن سىرت سودا ئىشلىرى ياكى باشقا ساھەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . ئەگەر باشقا ساھەلەردە قانۇنسىز ئىشلىتىپ بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئول !!!
ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!

ئەگەر ئاپتۇرلۇق ھوقۇقىمغا دەخلى يەتتى دېگۈچىلەر بولسا بىۋاستە ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ . ئېلكىتاپلار توردا تەمىنلەشتىن توختىتىلىدۇ !!!!!
ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ئېلكىتاپلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق پىكىر-تەكلىپلىرىڭىز بولسا ، ئۇيغۇر ئوغلى ---- ھەۋەسكار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىڭىز بولىدۇ .



ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

2008 ـ يىلى 2ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى

شەندۇڭ ـــ جىنەن



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ـــــ ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com